# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 - يىل 8 - ئاي

8

شەنبە

维吾尔文 8月8日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25147 - سان بۈگۈن 4 بەت


گۈۋاھنامە بىلەن تورغا چىقىش، كود بىلەن تورغا چىقىش، ماركا بىلەن بازارغا كىرىش

# ئاپتونوم رايونىمىز خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېشىل «كىملىك»ى بار بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن خەۋەر قىلدۇ: «بازاردا ئادەتتىكى ئۈنىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 3.5 يۈەن ئەتراپىدا، بىز ئىشلەپچىقارغان ئۈنىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 32 يۈەنگە ساتالايمىز، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈنىمىزنىڭ ئورگانىك ‹كىملىك›ى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.» 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، گۇچۇڭ ناھىيەسى بەنجىگۇ بازىرى ياۋزەنزە كەنتى فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مولا زىمەتتى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى لى جياڭنىڭ سۆزلىرىدىن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى.

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى يېشىللاشتۇرۇش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى**

# يېڭى ماتېرىيال كۈچ بەردى ياسىمچىلىق يېڭىلاندى

**يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىشقا نەزەر ②**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

لىيۇ شياڭ، شى شىن،

جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۈ يىخەن

قارا كۆمۈر ئاق «گۆرۈچ دانچىسى»غا ئايلاندى، ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا كۆك ياقۇت كرىستالى «ئۆنۈپ» چىقتى، كرىستاللىق كرېمنىي كېيىنەك - سىمان ئۆزگىرىپ 10 مىڭ خىلدىن ئارتۇق ئورگانىك كرېمنىي مەھسۇلاتىغا ئايلاندى… كۆپچىلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلار ئاڭلىماققا ناتونۇش ھەم سىرلىق بىلىنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس.

ماتېرىيالدا يېڭىلىق يارىتىش ئىنچىل تۈردە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ كەلدى. سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، يېڭى ماتېرىيال خەلق ئىگىلىكىدىكى مۇھىم ئۇلۇق، باشلامچى خاراكتېرلىك كەسىپ، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاچقۇچلۇق ساھە بولۇپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ يېڭى ماتېرىيال كەسپىدە تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، ئومۇمىي سەۋىيە ۋە كەسىپنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، شىنجاڭ ياسىمچىلىقىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

**يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە كەسىپ بەرپا قىلىندى**

بىر تال گۈرۈچ دانچىسى چوڭلۇقدىكى پولىئېفىر خام ماتېرىيالى قارىماققا ئانچە كۆزگە چېلىقمايدۇ. ھالبۇكى شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا بارلىق ماشىنىلار شۇنى دەپ ئايلىنىدۇ.

«بۇ نەرسىگە سەل قارىماڭ، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان بوتۇلكا، قۇتا، ئىچىمىزگە كىيىدىغان كىيىم، يوقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ئىشلىتىلگەن ماسكا، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىگە ئىشلىتىلىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، بىناكارلىق كەسپى، ئاپتوموبىل ياسىمچىلىقى قاتارلىق نۇرغۇن كەسىپلەردىمۇ ئۇ كەم بولسا بولمايدۇ.» 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى سۈپەت - تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ۋۇ گوشياڭ كۆلۈپ تۇرۇپ بۇ «گۈرۈچ دانچىسى»نىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى چۈشەندۈردى.



7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى گەنچۈەنباۋ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى شۇاڭچۇاڭ كىچىك بازىرىدىكى شىنجاڭ يۇنتېڭ يېڭىلىق يارىتىش ئەقلىي ئىقتىدارلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ چاك - توزانسىز ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، تېخنىك يېرىم ئۆتكۈزگۈچ LED ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى تەكشۈرمەكتە.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى

«گۈرۈچ دانچىسى»نىڭ ئىلمىي نامى پولىستىرېن، پولىپروپىلېن بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ پولىئېفىر مەھسۇلاتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھەر خىل سولىياۋ بۇيۇملارنىڭ خام ماتېرىيالى. ئۇنى ياساپ چىقىشتىكى خام ماتېرىيال دەل يەر ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن كۆمۈر.

مۇشۇنداق «تەلتۆكۈس ئۆزگىرىش»تەك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تايىنىلغىنى شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆمۈر ئاساس قىلىنغان يېڭى ماتېرىيال تۈرىدىكى ئەڭ يادرولۇق قورۇلما: MTO قورۇلمىسى.

سىكانىرلاپ تېخىمۇ كۆپ يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



10 مىڭ مو يېمەكلىك ئاپتاپپەرەستىن مول ھوسۇل ئېلىندى

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كەنت ئاھالىلىرى يېمەكلىك ئاپتاپپەرەسلەرنى يىغماقتا. ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ خاربۇخ بازىرىدىكى 40 مىڭ مو يېمەكلىك ئاپتاپپەرەس يىغىۋېلىش مەزگىلىگە كىردى.

□ ۋاڭ ۋېي فوتوسى

**ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى**

# قول ھۈنەرۋەنلەر كوپېراتىپ قۇردى

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز

ياڭ شۇخەن

«كۆپچىلىك سۈرئەتنى تېزلىتىڭلار ھە!» 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسى تۇۋەت يېزىسىنىڭ ئۆي كەنتى «ئالتۇن قول» قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ 41 ياشلىق مەسئۇلى روزىتوختى مەخسۇت بىر تەرەپتىن ئىشچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپچىلىككە مەدەت بېرىۋاتاتتى.

«بۇ دېگەن 1 مىليون يۈەنلىك زاكاز، بىز جەزمەن سان، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ ۋاقتىدا تاماملىشىمىز كېرەك!» 25 ياشلىق تىككۈچى روزىنىسا تۇرسۇن ئىختىيارسىز قولىدىكى ئىشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

مۇخبىر ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئىچىدىكى كۆلىمى 1500 كۇۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان سېختا سەككىز ئىشچىنىڭ ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقىنى، دەستە - دەستە سوۋغاتلىق دوپپا يېرىم تەييار مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆردى.

«بۈگۈن سىز تەبەسسۇم قىلدىڭىزمۇ؟» روزىتوختى مۇخبىرغا قاراپ ماڭغاچ بىر دوپپىنى سۇنۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى. ئەسلىدە، بۇ روزىتوختىنىڭ دوپپا ئېلان سۆزى بولۇپ، ئۇ دوپپىغا يېقىندىلا تېخى «تەبەسسۇم» ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرغانىدى.

روزىتوختىنىڭ ئېنىق ئېسىدە، 2000 - يىلى باش ئەتىيازدا، ئۇ ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆينىڭ سوۋغاتلىق دوپپا بىلەن تولغانلىقىنى كۆرگەندە، دوپپا تىكىش ھۈنىرىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، كېيىن ھۈنىرىمگە تايىنىپ جان باقىمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش ھەم پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي** خەۋەر قىلدۇ: 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش ھەم پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش ھەم پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## «ئاقىل ساغلام ئۈرۈمچى» سۇپىسغا چىقىپ

# نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتكەندىن كېيىن نەتىجىسىنى قانداق سۈرۈشتۈرىدۇ؟ 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى (شەھەرلىك چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى نىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شەھەر ئاھالىلىرى «ئاقىل ساغلام ئۈرۈمچى» ۋىيشىن سۇپىسغا چىقسىلا سۈرۈشتۈرەلەيدىكەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلەر تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى پۇختا تۇتتى، ئىنچىكە تۇتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلدۇ: 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شاڭ يۈلەن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلەر تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر سۈپىتىدە پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئاھالىلەرنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىسىدە خاتىرجەم تۇرۇشى، تۇرمۇشىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# «بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش»تىن «ساغلام تۇرمۇش»قىچە

## —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش نۇسخىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جىڭ بو

«دالا ساياھەتچىلىرى» «يۈگۈرۈش توپى» «توپچى دوستلار» «مەيدان ئۇسسۇلى ئويۇنغۇچى چوكانلار»… ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى بىلەن، قىزىقىشى ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ھەرىكەت قىلغۇچى كىشىلەر توپى بارلىققا كېلىپ، تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشتى —— تۇرمۇش شادلىققا تولدى، ھېسسىيات كۈچەيدى، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھالبۇكى كىشىلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئىدىيەسىمۇ بەدەن ساغلاملاشتۇرۇشتىن ھەرىكەت ئېلىپ كەلگەن ساغلام تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، «ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ساغلام بولۇش» قارىشى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

1951 - يىلى تۇنجى يۈرۈش رادىيو گىمناستىكىسى ئىجاد قىلىنىشتىن 2009 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى»گە ئايلانغىچە بولغان مەزگىلدە، تەنتەربىيەنىڭ كۆپرەك ئۆستىگە ئالغىنى بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش، بەدەن ساپاسىنى كۈچەيتىش فۇنكسىيەسى بولدى؛ 2014 - يىلى ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە كۆتۈرۈلۈشتىن 2019 - يىلى «تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇلۇشى پىروگراممىسى» ئېلان قىلىنغىچە بولغان مەزگىلدە، ھەم خەلقنىڭ ساداسىغا ھۆكۈمەت ئىنكاس قايتۇردى، خەلقنىڭ تەلىپىگە يارىشا ھۆكۈمەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بەردى، بۇ ھەم ساغلام تۇرمۇش ئىدىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)